تۇنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

# يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش قىلىمىز

## ـــ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دوۋ ۋەنگۈينى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

□ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ جىلى

«13 ـ بەش يىل»غا نەزەر سالساق، ئاقسۇ ۋىلايىتى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەممە جايدا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەممە جايدا يېڭى كەيپىياتنى نامايان قىلدى. «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلىدا، ئاقسۇ ۋىلايىتى قانداق قىلغاندا قىلغاندا يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى چۆرىدەپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ؟ ئانار بولۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دوۋ ۋەنگۈينى زىيارەت قىلدى.

### كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتى قانداق قىلغاندا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش قىلالايدۇ؟

دوۋ ۋەنگۈي مۇنداق بىلدۈردى: ئاقسۇ ۋىلايىتى سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىنى مەھكەم ئىگىلەپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، ئېنېرگىيە ـ خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ـ مېتاللورگىيە، جابدۇق ياسىمىچىلىقى، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەردىن ئىبارەت «ئالتە چوڭ كەسىپ» تۈپىنى سەرخىللاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاشلىق، پاختا، مېۋە ـ چېۋە، چارۋىچىلىق، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت «بەش چوڭ بازا» قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، چارۋىچىلىقتا «10، 100، 1000، 100 مىليون» قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ.

2 ـ كەسىپتە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش جەھەتتە، ئاقسۇ ۋىلايىتى نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىدىن ئۆز جايىدا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىش سالمىقىنى زورايتىپ، نېفىت نازۇك خىمىيە سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆمۈر ئېلېكتر بىلەن كۆمۈر ـ تۆز بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئايلانما ئىقتىسادنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئېنېرگىيە ـ خىمىيە سانائىتى كەسىپ تۈپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىي قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، توقۇمىچىلىقنى زورايتىش، بوياقچىلىقنى ئۆزارتىش، خىمىيەلىك تالا توقۇمىچىلىقنى پىلانلاش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. قېزىلما بايلىقلارنى چارلاش، ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، قېزىلما بايلىقلارنى تاۋلاش، پىششىقلاشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كەسپىنىڭ تېخنىكا تەركىبىنى ئاشۇرۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ـ مېتاللورگىيە كەسپىنى زورايتىدۇ، كۈچەيتىدۇ. يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە، ئېنېرگىيە تېجەش ـ مۇھىت قوغداش، بىيو تېببىي دورا، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تېخنىكىسى قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، «ئالاقە تورى +»، چوڭ سانلىق مەلۇمات، بۇلۇت ھېسابلاشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى تېزلىتىدۇ.

3 ـ كەسىپنى زور تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە، ئاقسۇ ۋىلايىتى سودا ئەشيا ئوبوروت بايلىقىنى بىرىكتۈرۈش ۋە كەسىپلەرنى توپلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، توردا، تور سىرتىدا بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىلىدىغان سودا ئەشيا ئوبوروتى يېڭى ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاقسۇ سودا ئەشيا ئوبوروتى كەسىپلەر باغچىسىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئەشيا ئوبوروتى، ئاۋىياتسىيە پورتى ئەشيا ئوبوروتى، تاشيول ـ تۆمۈريول ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ـ ئائىلە سايمانلىرى، ئاپتوموبىل ـ ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ـ يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى، دورىلارنى توپ ـ پارچە سېتىش، گۈل، قۇش، بېلىق ئىستېمالى، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە توپ سېتىش قاتارلىق چوڭ تىپتىكى كەسپىي بازارلارنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىدۇ. يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، ئىستېمالنىڭ ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، «ساياھەت +» «+ ساياھەت»نىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ساياھەت كەسىپ زەنجىرىنى بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «يىپەك يولىدىكى قەدىمىي كۇسەن . سېھىرلىك ئاقسۇ» سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى سىجىل كېڭەيتىپ، ئاقسۇنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتى ئېگىزلىك قۇرۇلۇشى قەدىمىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىدۇ.

### ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ، ئېچىۋېتىش كېڭەيتىلىدۇ

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىپ، نەتىجىلىرى مول بولدى: دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى، داۋالاش ـ سەھىيە، يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى قاتارلىق نۇقتىلىق ئىسلاھاتلاردا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا سىجىل تۈردە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» قاتارلىق ئىسلاھاتلارنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى گەۋدىلىك بولدى، «نۇقتا، لىنىيە، دائىرە» خىزمەت مېخانىزمى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىلدى...

دوۋ ۋەنگۈي مۇنداق تونۇشتۇردى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان، ئورۇنلاشتۇرغان مۇھىم، زور ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، جەمئىيەت ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكى، ماسلىشىشچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ.

«قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، ئاقسۇ ۋىلايىتى خەلققە قولايلىق، كارخانىلارغا پايدىلىق بولغان تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مۇلازىمەت شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ كارخانا بىلەن ئالاقىلىشىش، مۇلازىمەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كارخانىنى ئاقسۇغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسپىنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىدۇ. پۇقراۋى كارخانىلار، كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، ئاقسۇ ۋىلايىتى دۆلەت كارخانىلىرىنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، سەرخىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. باغچە رايوننى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى باغچە رايونلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى، تەرەققىيات ئەندىزىسىنى دەل جايىدا بېكىتىپ، پەرقلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېتەكچى كەسىپلەرنى دەل جايىدا پىلانلاپ، ئەۋزەل كەسىپلەر تۈپىنى يېتىلدۈرىدۇ. سىرتقا يۈزلەنگەن كارخانىلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك مەھسۇلاتلىرى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ھەم باشقا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى يۆلەش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل كېڭەيتىدۇ. سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە باھالاش، مۇكاپاتلاش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سودىگەر چاقىرىش نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، ئاقسۇ ۋىلايىتى شىنجاڭغا كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «يۈز، ئون، بىر» «ئون ئامبار، يۈز كارخانا» «ئون شەھەر، يۈز دۇكان» «يۈز كەنت، مىڭ زاۋۇت» قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، «ئاقسۇ خاۋگوۋۇەن» سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىدۇ.

### خەلق تۇرمۇشى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ، ياخشىلىنىدۇ

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتى قانداق قىلىپ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ؟

دوۋ ۋەنگۈي مۇنداق دېدى: ئاقسۇ ۋىلايىتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈم ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىك، تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش»تەك قويۇق كەيپىياتنى پائال يارىتىدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى مائارىپنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىنى پۇختا، ياخشى باشقۇرۇپ، شەھەر، يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۆلگىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كەسپىي مائارىپ، ئالىي مائارىپنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكلىدىكى تەرەققىياتقا قاراپ قەدەم تاشلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، رايون خاراكتېرلىك مائارىپ ئىختىساسلىقلىرى ئېگىزلىكىنى كۈچەپ بەرپا قىلىدۇ.

كۆپ قاتلاملىق، كەڭ دائىرىلىك ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش، داۋالاشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق داۋالاش، كۈتۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كۈتۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. «ساغلام ئاقسۇ» ھەرىكىتى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش سىجىل قانات يايدۇرۇلۇپ، تېببىي دورا ـ سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى، داۋالاش مۇلازىمىتى، داۋالىنىش كاپالىتى، دورا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلىدۇ. خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلىدۇ.

«شەھەر ئورمان ئىچىدە، سۇ شەھەر ئىچىدە، ئادەم باغ ئىچىدە بولۇش» خىزمەت پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، باغچە شەھەر قۇرۇلۇشى سىجىل ئالغا سىلجىتىلىدۇ. «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسى پۇختا تۇرغۇزۇلۇپ، «كۆكيار روھى» زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىش ھەرىكىتى سىجىل قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاقسۇنىڭ ئاسمىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرى تېخىمۇ يېشىل، سۈيى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىنىدۇ.

# قوش چاقلىق قوزغىتىش تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك ياراتتى

## ـــ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى ياسىن سىدىقنى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

□ ئانار بولۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاۋ چۈنخۇا

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم مەزگىل، شۇنداقلا زامانىۋىلاشقان خەلقئارا شەھەر قۇرۇش نىشانىغا قاراپ قەدەم تاشلاشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل. ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد، تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتە قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؟ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى قانداق قىلىپ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق قوش چاقلىق قوزغىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىياتنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرىدۇ؟ مۇخبىر يېقىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى ياسىن سىدىقنى زىيارەت قىلدى.

### «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە تۈرلۈك ئىشلاردا پائال ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى

««13 ـ بەش يىل» مەزگىلى مەركىزىي شەھەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بەش يىل.» ياسىن سىدىق مۇخبىرنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: چېگىش ۋە مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۈشكۈل ۋە ئېغىر ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئۈچ چوڭ ئىش»نى ياخشى تۇتۇپ، «ئالتە مەركەز» قۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا پائال ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2015 ـ يىلىدىكى 233 مىليارد 81 مىليون يۈەندىن 2020 ـ يىلى 350 مىليارد يۈەنگە كۆپەيدى؛ شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 43 مىڭ 179 يۈەن، 22 مىڭ 649 يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2015 ـ يىلىدىكىدىن 36.6%، 50.9% ئېشىپ، رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتتى. نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتا مۇھىم باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. «بەش چوڭ مەركەز» قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك تېزلىتىلىپ، ئايرودۇرۇم ئەتراپى ئىقتىساد ئۆلگە رايونى ۋە خەلقئارا توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك سودا مەركىزى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى شەھىرى «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونى»، دۆلەتلىك ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك قوزغىتىپ، «يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش ۋە يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى» ۋە «پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، شەھەر دەرىجىلىك «ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى» بويىچە نۇقتىلىق تەربىيەلەش ئوبيېكتلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇردى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جولاڭ، كەيۋو، جېڭۋېي قاتارلىق بىر تۈركۈم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ۋە ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپ تۈرلىرىنى كىرگۈزدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى بولۇپ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ۋوگزال ـ بېكەت سۈپىسى ۋە يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش ئەندىزىسىنى ياراتتى ھەم گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن كېڭەيتىلدى، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇرۇقلۇق پورتى تىپىدىكى دۆلەت ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈنى بولۇپ تەستىقلاندى.

### «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە تىرىشىپ يەنە بىر پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ

ياسىن سىدىق مۇنداق دېدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، مەركىزىي شەھەر ئىقتىسادىنى سۈپەت ۋە ئۈنۈمنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش ئاساسىدا سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ماس قىلىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كەسىپلەرنى ئوتتۇرا، يۇقىرى سەۋىيەگە قاراپ يۈزلەندۈرۈپ، ئىلغار ياسىمىچىلىق ۋە ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىنى ئۈزلۈكسىز يېتىلدۈرۈپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ رايون ماس تەرەققىياتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۈرۈمچىنىڭ مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكىدىكى مەركىزىي شەھەرلىك مۇھىم رولىنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. 2035 ـ يىلغا بارغاندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈپتىن ياخشىلاپ، گۈزەل مەركىزىي شەھەر قۇرۇش نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

### يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى پائال بەرپا قىلىنىدۇ

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»دە دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ياسىن سىدىق مۇنداق دېدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ ئايلانما ئوبوروتى ۋە كەسىپلەرنىڭ باغلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلاھات چارىسى، بازارلاشقان يۈرۈشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنىڭ قوزغىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەلئارا سېلىنمىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۇرغۇتۇپ، بازار يېتەكچىلىكىدىكى سېلىنمىنىڭ ئىچكى ئېشىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، سېلىنمىنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشىنى ساقلايدۇ؛ ئېھتىياج ئارقىلىق يېتەكلەش، تەمىنلەشتە يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنلەش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈملۈك ئېھتىياجنى قوزغىتىدۇ ۋە قويۇپ بېرىدۇ. «ئالاقە تورى +» ئىستېمال ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىستېمال يېڭى ئەندىزىسى، يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سودىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە مەدەت بېرىپ، ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ يېزىلارغا كىرىپ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ؛ دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، «يول ئىقتىسادى»دىن «تۈگۈن ئىقتىسادى»غا قاراپ تىپىنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىدۇ. مەۋقەنى دۆلەت ئىچى بازىرىغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، كەسىپ زەنجىرىنى جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەمىنلەش قۇرۇلمىسىنى تەدرىجىي ئەلالاشتۇرۇپ، تەمىنلەش سۈپىتىنى ياخشىلاپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرىدۇ. تېخىمۇ ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت سىرتىدىكى بازارلارغا يۈزلىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، سودا شەكلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنى زورايتىپ، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا بازارلىرىنى كېڭەيتىدۇ. ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى كۆپەيتىپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە قاتنىشىدىغان يېڭى ئەۋزەللىكنى يېتىلدۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشقا قاتنىشىپ، ئىقتىسادنىڭ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.